شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 9 ـ ئاي
19
پەيشەنبە
维吾尔文 9月19日

新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24823 ـ سان   بۈگۈن 4 بەت

تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرەيلى!

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

ئۆچمەس تۆھپىلەر دۆلەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا پۈتۈلگەن؛ شانلىق ئۈلگىلەر مىللەتنىڭ گۈللىنىش مۇساپىسىنى يورۇتقان.

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللىنىش ئارقىلىق، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىنى بېرىش قارارىنى چىقاردى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ رەئىس پەرمانى ئىمزالاپ، يۈمىن قاتارلىق سەككىز كىشىگە «جۇمھۇرىيەت ئوردېنى» بەردى، رائۇل كاسترو رۇس قاتارلىق ئالتە كىشىگە «دوستلۇق ئوردېنى» بەردى، يۈ يى قاتارلىق 28 كىشىگە دۆلەت شەرەپ نامى بەردى. ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە، دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىنى باھالاش، بېرىش، جەزمەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ئىشەنچنى چىڭىتىپ باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېخىمۇ قالتىس يارقىن سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ شىنياڭ شەھىرى شىنشيەن ناھىيىسى خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي سوۋېت رايونىنىڭ مەركىزىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىغا ھۆرمەت بىلدۈردى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولدى. سۈرەتتە: 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ شىنياڭ شەھىرى گۇاڭشەن ناھىيىسىنىڭ خۇيدىيەن يېزىسىدىكى سى ماگۇاڭ مايلىق چايزارلىقىغا كېلىپ، ئىشلەۋاتقان كەنت ئاھالىلىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جېڭجوۋ، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا خېنەندە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا قىسىمدىكى رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشى داۋامىدا باتۇرلۇق بىلەن ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تېخىمۇ قالتىس يارقىن سەھىپىسىنى پۈتۈش كېرەك.

ئالتۇن كۈزدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چوڭ زېمىنى مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمگەن بولۇپ، ھەممە يەر ھاياتىي كۈچكە تولغانىدى. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ خېنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوشېڭ، ئۆلكە باشلىقى چېن رۈنئېرنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنياڭ، جېڭجوۋ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، كونا ئىنقىلابىي رايون، يېزا، كارخانا قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

دابيېشەن رايونىدىكى شىنياڭ شەھىرىنىڭ شىنشيەن ناھىيىسى خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي سوۋېت رايونىنىڭ مەركىزى بولغان جاي. 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئالدى بىلەن خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي سوۋېت رايونىنىڭ مەركىزىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى، خاتىرە سارىيىغا ھۆرمەت بىلدۈردى، قەھرىمانلار تېغىدىكى «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» باش تېمىلىق ھەيكەلگە يىراقتىن نەزەر سالدى. خاتىرە مۇنارى ئالدىدا، شى جىنپىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ھەم ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلارنى چوڭقۇر ياد ئەتتى. خاتىرە سارايىدا، شى جىنپىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىشتا ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بەرگەندە، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ

ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى سىجىل زورايتتى

كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

مۇخبىرلىرىمىز بەي جيۇ، شيې

خۇيبېيەن خەۋەر قىلىدۇ: شىنجاڭ كېلى يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2009 ـ يىلىدىكى 40 نەچچە مىليون يۈەندىن 2018 ـ يىلىدىكى 260 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى. بۇ، بۇ شىركەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بويىچە تەربىيىلەشكە قاتناشقانلىقىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن.

«يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى (TRIZ نەزەرىيىسى)نىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىركەتنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىن نۇقتىسى ۋە ‹ئاغرىش نۇقتىسى› ھەل قىلىنىپلا قالماي، يەنە شىركەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى يەنىمۇ كۈچەيدى، بىز ھەر يىلى سېتىشتىن قىلغان كىرىمنىڭ 4%ىگە يېقىننى تەتقىق قىلىپ ئېچىشقا ئىشلەتتۇق.» بۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش ئىقتىسادچىسى سۇڭ شياۋچىڭ مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلىغا قەدەر، شىركەت 15 تۈرلۈك كەشپىيات پاتېنتى ۋە 39 تۈرلۈك ئەمەلىي قوللىنىشچان يېڭى تىپتىكى پاتېنتقا ئىگە بولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

ئىلاۋە

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم دۆلەت ئوردېنى ۋە دۆلەت شەرەپ نامىنى مەركەزلىك باھالاپ بېرىپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بىر تۈركۈم تۆھپىكار نەمۇنىچى شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەقدىرلەشنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى غەيرەت ماموت «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشتى، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جىغىن يېزىسىدىكى چېگرا قوغدىغۇچى بۇرماقان مولدۇ «خەلق ئۈلگىسى» دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشتى. بۈگۈندىن باشلاپ گېزىتىمىز ئۇلارنىڭ ئىلغار، تىپىك ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلىپ، قەھرىمان، نەمۇنىچىلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى قايتا ئەسلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە تىپلاردىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش قويۇق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ نەتىجە يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىغا تېخىمۇ ياخشى ئىلھام بېرىدۇ. دىققەت قىلغايسىلەر.

ھاياتى ئارقىلىق جاراڭلىق قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

ــــ «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرەپ نامىغا ئېرىشكۈچى غەيرەت ماموت توغرىسىدا خاتىرە

☐ مۇخبىرىمىز پەرىزات، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز مەمەت ھېيىت

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ھايات ۋاقتىدا گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان غەيرەت ماموتقا «خەلق قەھرىمانى» دۆلەت شەرەپ نامى بېرىلدى.

ساقچى بولغان 27 يىلدا، غەيرەت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ خوتەن ۋىلايىتى گۇما ناھىيىسى كۆكتېرەك يېزىلىق ساقچىخانىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى، گۇما ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغان. 2016 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى A دەرىجىلىك تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان قاچقۇن جىنايەتچىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش جەريانىدا ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېغىر يارىلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 46 ياشتا ئىدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 12 ـ يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 49 كىشى يىغىنغا قاتناشتى، يىغىنغا قاتناشقانلار سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي   بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

مۇخبىرىمىز لى ياك خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسى چوڭقۇر ئۆگىنىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاش، پائال ئاتلىنىش

ــــ شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيىسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ

تەپسىلاتى 3 ـ بەتتە